# پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى «ئۇممۇ گۈلسۈم» ۋاپات بولغاندا قېشىمىزغا كىرىپ: ئۇنى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم (ئەگەر ئېھتىياج تۇيساڭلار) يۇيۇڭلار. سۇ ۋە سىدىر بىلەن يۇيۇڭلار، ئاخىرىقى قېتىمدا كافۇر ياكى كافۇرغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە ئارىلاشتۇرۇڭلار. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، دېدى

ئۇممۇ ئەتىييە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەلاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى«ئۇممۇ گۈلسۈم» ۋاپات بولغاندا قېشىمىزغا كىرىپ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى «ئۇممۇ گۈلسۈم» ۋاپات بولغاندا قېشىمىزغا كىرىپ: ئۇنى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم (ئەگەر ئېھتىياج تۇيساڭلار) يۇيۇڭلار. سۇ ۋە سىدىر بىلەن يۇيۇڭلار، ئاخىرىقى قېتىمدا كافۇر ياكى كافۇرغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە ئارىلاشتۇرۇڭلار. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، دېدى. بىز ئىشىمىزنى تۈگىتىپ رەسۇلۇللاھقا خەۋەر بەردۇق. بىزگە ئىزارىنى بېرىپ: بۇنى بەدىنىگە يۆگەڭلار! يەنى ئىچ كېپەنلىك قىلىڭلار دېدى. يەنە بىر ھەدىستە: يەتتە قېتىم يۇيۇڭلار، ئوڭ تەرەپتىن ۋە تاھارەت ئالىدىغان جايلاردىن باشلاڭلار، دېدى. ئۇممۇ ئەتىييە: ئۇممۇ كۇلسۇمنىڭ چېچىنى ئۈچ ئۆرۈم قىلىپ ئۆرىدۇق
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى زەينەپ ۋاپات بولغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى يۇيۇۋاتقانلارنىڭ قېشىغا كىردى، ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئۇممۇ ئەتىييە ئەلئەنسارىيە بار ئىدى، زەينەپ بۇ دۇنيادىن پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىغا پاكىز بېرىش ئۈچۈن ئۇلارغا يۇيۇش قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى. يۇيۇشنىڭ قېتىم سانى تاق بولۇش ئۈچۈن: ئۇنى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم يۇيۇڭلار دېدى. ئەگەر بەشتىن كۆپرەك يۇيۇشقا ئېھتىياج بولسا، يەنىلا تاق قىلىشقا بۇيرىدى. مېيىتنىڭ بەدىنى پاكىز ۋە چىڭ بولۇش ئۈچۈن سۇغا سىدىر ئارلاشتۇرۇڭلار، ئاخىرىقى يۇيۇشتا كاپۇرنى ئارلاشتۇرۇڭلار، يەنە كاپۇر مېيىتنىڭ جىسمىنى چىڭىتىدۇ، ھاشارەتلەردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شەرەپلىك ئەزالاردىن باشلاپ يۇيۇشنى تەۋسىيە قىلدى، ئوڭ تەرەپتىن ۋە تاھارەت ئالىدىغان ئەزالاردىن باشلاشقا بۇيرىدى. يۇيۇپ بولغاندا خەۋەر قىلىڭلار دېدى. ئۇلار خەۋەر قىلدى، رەسۇلۇللاھ كىيىپ مۇبارەك بەدىنى تەگكەن ئىزارىنى زەينەپكە قەبرىدە بەرىكەت ۋە بەلگە بولسۇن ئۈچۈن كېپەن قىلىشقا بەردى.مېيىت يۇغۇچى ئاياللار زەينەپنىڭ چېچىنى ئۈچ ئۆرۈم قىلىپ ئۆرىدى، ئۈستى تەرەپنى بىر ئىككى يان تەرەپنى ئىككى ئۆرۈم قىلدى، چاچلىرىنى ئارقا تەرىپىدە قويدى

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee